# 110808 - قۇرئان كەرىمنى تاش قېپى بىلەن تاھارەتسىز تۇتۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

مەن سىلەردىن تاھارەتسىز ھالەتتە قۇرئان كەرىمنىڭ تاش قېپىنى تۇتۇشنىڭ ھۆكمىنى سورايمەن؟، مۇقاۋىلانغان قۇرئاننىڭ تاش قېپىنى تاھارەتسىز تۇتسا بولىدۇ دېگەن سۆز توغرىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

قۇرئانغا تۇتاش بولغان قۇرئاننىڭ قېپى مەيلى يىڭنىدە تىكىلگەن بولسا ياكى چاپلانغان بولسۇن ياكى قايسى شەكىلدە بولسۇن ئۇ قۇرئاننىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، تاھارىتى يوق كىشىنىڭ ئۇنى تۇتىشى توغرا بولمايدۇ، ئەمما قۇرئاندىن ئايرىم بولغان قېپى بولسا، قۇرئان ساقلايدىغان تېرە قاپ ياكى قاتتىق مۇقاۋا دېگەندەك، ئۇنى تاھارەتسىز تۇتسا بولىدۇ.

"كۇۋەيت پىقھى توپلاملىرىدا" مۇنداق كەلگەن: " ھەنەپىي، مالىكىي، شاپىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىن بولغان كۆپچىلىك ئالىملار، تاھارەتسىز كىشىنىڭ قۇرئانغا تۇتاش بولغان تاش قېپىنى، قۇرئان ۋاراقلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى خەت يېزىلمىغان ئاق يەرلىرىنى، ئىككى قاتانىڭ ئارىسىدىكى ئاق يەرلىرىنى شۇنىڭدەك قۇرئان ئىچىدىكى خەت يېزىلمىغان ھەرقانداق بەرلەرنى تۇتۇشى چەكلىنىدۇ، چۈنكى بۇلارمۇ يېزىلغان قۇرئانغا ئەگىشىدۇ دېگەن قاراشتا بارغان، ئەمما ھەنبەلى ۋە شاپىئىي مەزھەبىدىكى بەزى ئالىملار بۇنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە بارغان".

شەيخ ئىبنى باز رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "چوڭ-كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن پاك بولغان مۇسۇلمان قۇرئاننى تۇتسا توغرا بولىدۇ ۋە بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكىسە بولىدۇ، ئەگەر يۆتكىگۈچىنىڭ تاھارىتى بولمىسا، لېكىن قۇرئاننى پەلەي كىيىپ ياكى باشقا بىر نەرسە ئوراپ تۇتۇپ يۆتكىسە، توغرا بولىدۇ، ئەمما تاھارەتسىز تۇرۇپ قۇرئاننى بىۋاستە تۇتسا كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ سەھىھ قارىشىغا كۆرە توغرا بولمايدۇ، بۇنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق. ئەمما ئوقۇشقا كەلسەك، تاھارەتسىز كىشى قۇرئاننى تۇتماستىن يادقا ئوقۇسا بولىدۇ، ياكى بىرسى ئېچىپ بەرسە، ۋاراقلىرىنى ئۆرۈپ بەرسە ياكى باشقىلارغا تىڭشاتسا بولىدۇ". [ئىبنى باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 10 -توم 149-150 -بەتلەر]،

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.